## 50024 ـ رامىزان ۋە باشقا ۋاقىتلاردا يولغا قويۇلغان ئېتىكاپ توغرىسىدا

### سۇئال

ئېتىكاپ قانداق ۋاقىتتا بولسا بولامدۇ ياكى چوقۇم رامىزاندا قىلىش كېرەكمۇ؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاب

رامىزاندا ۋە رامىزاندىن باشقا ھەرقانداق ۋاقىتتا ئېتىكاپ قىلىش سۈننەتتۇر، لېكىن ئېتىكاپنى رامىزاندا قىلىش ئەۋزەل بولىدۇ، بولۇپمۇ رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە قىلىش ئالاھىدە تەكىتلەنگەن.

ئېتىكاپ قىلىشنىڭ مۇستەھەب ئىكەنلىكى توغرىسىدا كەلگەن دەلىللەرنىڭ ھەممىسى بۇنى ئىپادىلەيدۇ، چۈنكى ئۇ رامىزان ۋە باشقا ۋاقىتلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ توغرىدا 48999 ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ "ئەل مەجمۇ" 6 ـ توم 501 ـ بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "ئېتىكاپ قىلىش كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىغا كۆرە سۈننەتتۇر، پەقەت ئېتىكاپ قىلىشنى نەزىر قىلغان بولسا، ئۇنى ئادا قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ، ئېتىكاپنى كۆپ قىلىش مۇستەھەپ بولۇپ، بۇنىڭ مۇستەھەپ ئىكەنلىكى رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ" .

يەنە "ئەل مەجمۇ" 6 ـ توم 514 ـ بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "ئېتىكاپنىڭ ئەۋزەل بولغىنى روزا تۇتۇپ قىلغان ئېتىكاپتۇر، بولۇپمۇ رامىزان ئىچىدە ۋە رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە قىلىنغان ئېتىكاپ ھەممىدىن ئەۋزەلدۇر.

شەيخ ئەلبانى : " رامىزاندا قىيام" ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: " رامىزاندا ۋە يىللىق ھەممە ۋاقىتلىرىدا ئېتىكاپ قىلىش سۈننەتتۇر، بۇنىڭ ئاساسى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: وَأَنتُمْ عَاكِفُونَ فِي الْمَسَاجِدِ تەرجىمىسى: «سىلەر مەسچىتتە ئېتىكاپ قىلىۋاتقاندا...»، بۇنىڭ بىلەن بىرگە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئېتىكاپ قىلغانلىقى توغرىسىدا كەلگەن سەھىھ ھەدىسلەر ۋە سەلەپ ئالىملىرىدىن بۇ توغرىدا بايان قىلىنغان ئەسەرلەردۇر.

«پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ شەۋۋال ئىچىدە ئون كۈن ئېتىكاپ قىلغانلىقى بايان قىلىنغان». [بۇخارى ۋە مۇسلىم بايان قىلغان].

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: مەن جاھىلىيەت دەۋرىدە ھەرەم مەسچىتىدە بىر كېچە ئېتىكاپ قىلىشنى نەزىر قىلغان ئىدىم، قانداق قىلىمەن؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «قىلغان نەزىرىڭگە ۋاپا قىلغىن»دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇ ھەرەم مەسچىتىدە بىر كېچە ئېتىكاپ قىلغان. [بۇخارى ۋە مۇسلىم بايان قىلغان].

رامىزاندا ئېتىكاپ قىلىشنى تەكىتلەيدىغان ھەدىسلەردىن: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر يىلى رامىزاندا ئون كۈن ئېتىكاپ قىلاتتى، ۋاپات بولۇپ كېتىدىغان يىلى يىگىرمە كۈن ئېتىكاپ قىلغان». [بۇخارى بايان قىلغان].

ئېتىكاپنىڭ ئەۋزەلى رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە قىلىنغان ئېتىكاپتۇر، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئاللاھ تائالا ئۇنى ۋاپات تاپتۇرغانغا قەدەر رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپ قىلاتتى. [بۇخارى ۋە مۇسلىم بايان قىلغان].

شەيخ ئىبنى" باز پەتىۋالار مەجمۇئەسى" 15 ـ توم 437-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: " شەكسىزكى، مەسچىتتە ئېتىكاپ قىلىش ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەمەللەردىندۇر، بۇنى رامىزاندا قىلىش باشقا ۋاقىتتا قىلغاندىن ئەۋزەلدۇر.... ئېتىكاپ قىلىش رامىزاندا ۋە باشقا ۋاقىتلاردىمۇ يولغا قويۇلغان". [خالىد مۇشەيقىھنىڭ "پىقھۇل ئېتىكاپ" ناملىق كىتابىنىڭ 41 ـ بەتكە قارالسۇن].

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.